# كەئب ئىبنى مالىك رضي الله عنه
# ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ ئىزاھاتى

يازغۇچى: شەيخ ئۇسامە بىنلادىن (رەھىمەھۇللاھ)

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# كەئب ئىبنى مالىك رضي الله عنه
# ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ ئىزاھاتى


يازغۇچى: شەيخ ئۇسامە بىنلادىن (رەھىمەھۇللاھ)

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن



ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

شۇبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! اللە قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار».[1]

مەقسەتكە كەلسەك، بىز بۇ سۆھبىتىمىزدە ئۇممەتنى بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان ئىشلارنىڭ بولسا، خۇددى سىلەرگىمۇ ئايان بولغىنىدەك كاپىرلارنىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە ھۆكۈمران بولۇۋالغانلىقى، بۇ ئۇممەتكە اللە چۈشۈرگەن نەرسىدىن باشقا نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىقى ۋە ئۇممەتنىڭ مۇقەددەساتلىرىنى ئېتىبارغا ئالمىغانلىقى ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

پەلەستىننىڭ ناسارالار تەرىپىدىن ۋە ناسارالاردىن كېيىن يەھۇدىيلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئېچىنىشلىق تارىخى 80

[1] سۈرە ئال ئىمران 102- ئايەت.

يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئەھلى سەلىبنىڭ ھەرەم مەسجىدى، مەككە ۋە مەدىنىلەرنى بېسىۋالغانلىقىغىمۇ ئون يىلدىن ئاشتى. لا حول ولا قوة إلا بالله[1]! گەرچە شۇنچە ئېغىر مۇسىبەتلەر ۋە زور پاجىئەلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ كىشىلەر يەنىلا «لا إله إلا الله» كەلىمىسىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەنمەي بەلكى الله قا شىكايەت قىلغان ھالدا، كۆز يەتكۈسىز چۆللۈكتە ئېزىپ قالغان ئادەمدەك قايمۇقۇپ يۈرمەكتە. لا حول ولا قوة إلا بالله!

ھەرخىل «دەلىلەر»نى كۆرسىتىپ جىھادتىن ئولتۇرۇۋېلىشقا باھانە ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىۋاتىدۇ ۋە الله تائالانىڭ شەرىئىتىنى الله نىڭ بەندىلىرى ئۈستىدە ئىجرا بولۇشتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىپ بارىدۇ. الله تائالانىڭ شەرىئىتى كىشىلەردىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىلدى. ھالبۇكى مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، كىشىلەر خار-زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىدىن يىراقلىشىپ قايمۇقۇپ يۈردى.

سەلەف سالىھلار دەۋرىنىڭ ۋە ساھابىلەر ھاياتىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش — ھەقىقەتنى بايان قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بولۇپ، بۇ ئامىل بىزگە ھەقنى باتىلدىن ئايرىپ بېرىدۇ؛ نەتىجىدە، ھەقىقەت الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن روشەنلىشىدۇ.

ساھابىلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ! بۇ ساھەدە

[1] الله نىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

(يەنى جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغۇچىلار ھەققىدە) كۆرگەن ئەڭ گەۋدىلىك مەزمۇننىڭ «سەھىھۇل بۇخارى»، «سەھىھۇل مۇسلىم» ۋە باشقا كىتابلاردا كەلگەن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. بۇ ھەدىستە بۈيۈك ساھابە كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىنسان نەپسىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئىنسان نەپسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلدى. يالغان قەسەم قىلغانلىقى ۋە يالغان سۆزلىگەنلىكى سەۋەبلىك الله تائالا ھالاك قىلىۋەتكەن كىشىلەرگە ئوخشاش يالغان سۆزلىمىدى ۋە الله تەرىپىدىن ھېچقانداق كىشىگە ئېيتىلمىغان يامان سۆزلەر ئېيتىلغان كىشىلەرنىڭ جىدەللەشكىنىگە ئوخشاش جىدەللەشمىدى.

جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش ئۈچۈن، سىلەر مەن بىلەن بىرلىكتە بۇ ھەدىستىكى راستچىللىق ۋە سەمىمىي-سادىقلىقنى ئويلىنىپ بېقىڭلار! بىز نەپسلىرىمىزنى داۋالاشقا ھەرىكەت قىلىشىمىز ھەمدە ئۆزىمىزگە، قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە ئالىملىرىمىزغا نەسىھەت قىلىشىمىز كېرەك چۈنكى بىز الله تائالانىڭ بىزنى ۋە ئۇلارنى ئاخىرەتكە سالامەت قايتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆزى ئايرىلىپ قالغان تەبۇك ئۇرۇشى توغرۇلۇق سۆزلىگەن ئىدى. ئۇ كىم؟ ئۇ، الله رازى بولغان ئەنسارىلارنىڭ ۋە ياخشىلىقتا قاراپ ئىلگىرىلىگۈچىلەرنىڭ قاتارىدىكى بىر كىشى ئىدى؛ ئۇ كىم؟ ئۇ، ئەقەبە بەيئىتى بېرىلگەن كۈنى بەيئەت بەرگەن ۋە شۇ ئورۇنغا ھازىر بولغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىكى بىر كىشى ئىدى. شۇ قېتىمقى ئۇلۇغ بەيئەت ئارقىلىق

الله نىڭ پەزلى بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىسلام دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىدى. بىز ئەنە شۇ مۇبارەك مېۋىلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمى خالاس.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ قاتناشقان جەڭلەرنىڭ ئىچىدە بەدىر جېڭىدىن باشقا ھېچقايسى جەڭلەردىن ئايرىلىپ قالمىغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ بەدىر جېڭىدىن ئايرىلىپ قالغان ھېچقانداق بىر كىشىنى ئەيىبلىمىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بەدىر جېڭىدىن باشقا پەيغەمبىرىمىز ﷺ قاتناشقان بارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ۋە «لا إله إلا الله» كەلىمىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلىگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدى. لېكىن، ئىنسان دېگەن ھامىنى ئىنسان. شەيتان گاھىدا ئۇنى يولىدىن تېيىلدۇرۇۋېتىدۇ ۋە ياشاش مۇھىتى ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، گاھىدا كۆڭۈل ـ خاھىشى ئالداپ قويىدۇ، بۇ بولسا كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئوچۇق روشەنلەشتۇرۇپ بەرگەن ھەقىقەتتۇر.

قاتتىق ئىسسىق بولغان، كىشىلەر خورما دەرەخلىرىنىڭ سايىسىدا ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى جەڭگە سەپەرۋەر قىلدى. خورما دەرەخلىرى مېۋە بېرىپ پىشىشقا باشلىغان ئىدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن خورمىنىڭ سايىسىغا ۋە مېۋىلەرگە مايىل بولۇپ قالدىم». دېمەك، بۇ ئىنسان نەپسىنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، بىز بۇلارنى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ھەققىدە بايان قىلىۋاتىمىز. ئاشۇ ئۇلۇغ

ساھابىلەر جەڭدىن قېلىپ قالغان يەردە، زامانىمىزدىكى بەزى ياخشى كىشىلەرنىڭ جەڭدىن قېلىپ قالغانلىقى بىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ قويمىسۇن. ھەقىقەتەن بىزدىنمۇ ياخشى كىشىلەر جەڭلەردىن قېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدا «سەھىھۇل بۇخارى» ۋە «سەھىھۇل مۇسلىم»دا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن خورمىنىڭ سايىسىگە ۋە مېۋىلەرگە مايىل بولۇپ قالدىم. كىشىلەر تەييارلىنىشقا باشلىدى، مەنمۇ كۆڭلۈمدە تەييارلىق قىلىشنى ئويلايتتىم. بىرىنچى كۈنى ئۆتۈپ كەتتى، مەن تېخى ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغان ئىدىم، كۆڭلۈمدە: <ئەتە تەييارلىقىمنى پۈتتۈرۈۋالىمەنغۇ> دەپ ئويلايتتىم ئەمما ئەتىسىمۇ ھېچبىر تەييارلىق قىلالمايتتىم». سىلەر بۇ يەردە ئۇ كىشىنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلىڭلار! ئۇ ئېيتىدۇ: «مەن ئۆز كۆڭلۈمدە: <ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالالايمەنغۇ> دەپ ئويلىدىم». لېكىن، ئىنسان نەپسى ئىنساننى ئالدايدۇ.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جىھادقا كۆنگەن كىشى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسىرىگىدەك ئىش يوق. مەن جىھادتىن قېلىپ قالمايمەن». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن كۆڭلۈمدە: <مەن بەرىبىر جىھادتىن قېلىپ قالمايمەنغۇ> دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ شۇ خىل ھالىتىم داۋاملاشتى ھەتتا جەڭ ئاخىرلىشىپ كەتتى».
شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ھۆرمەتلىك ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىللە بولغان بۈيۈك كارۋان سەپەرگە ئاتلاندى.

يولغا چىققان ساھابىلەر 30 مىڭدىن كۆپ ئىدى. مۇسۇلمان

كىشى نەپسىنىڭ ئالدامچىلىقىدىن ئاگاھ بولۇشى كېرەك. قانچىلىغان كىشىلەر «لا إله إلا الله» كەلىمىسىگە ياردەم بېرىشتىن ئۇلتۇرۇپ قالدى!؟ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئۇنىڭ نەپسى ئالداپ كەتكەن ئىدى. ئەگەر ئۇ جەڭگە چىقىشنى ئويلىغان بولسا ئەلۋەتتە چىقاتتى. بۈگۈنكى كۈندىكى دادىسى ياكى باشلىقى جىھادقا چىقىشى ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىدىغان كىشىلەرمۇ پەقەت جىھادقا چىقىشنى ئويلىسىلا ئەلۋەتتە جىھادقا چىقالىغان بولاتتى لېكىن ئۇلارنىڭ كاللىسىدا «جىھادقا چىقماسلىق ئىسلام دىنىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىق» دېگەن چۈشەنچە بار بولۇپ، بۇ ئوپئوچۇق خاتالىقتىن ئىبارەت. لا حول ولا قوة إلا بالله!

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى نەپسى ئالداپ كەتتى، ھالبۇكى ئۇ ئۆز نەپسىنى ئۇرۇش ۋە جەڭلەردە سىنىغان ساھابە ئىدى. ئەنسارىلار بولسا (كۆپ ئىمانلىشىدىغان) سورۇن ئەھلى ۋە جەڭ ئەھلىلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار جەڭنى ئەجدادلىرىدىن مىراس ئالغان ئىدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادەك كىشىنى نەپسى ئالداپ كېتەلىگەن بولسا، ئۇنداقتا پەقەت ئۇرۇشقا چىقىپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟! لا حول ولا قوة إلا بالله! ئۇ كىشىلەرنى نەپسىنىڭ ئالداپ كېتىشى تېخىمۇ ئاسان بولمامدۇ؟! ساھابىلەر توك، ھاۋا تەڭشىگۈچ ۋە باشقا نەرسىلەر بولمىغان شارائىتتا ياشىغان ئىدى. خورمىلار مېۋە بېرىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ مېۋە كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى زېمىنغا مايىل قىلىپ قويدى. ئۇنداقتا ھېچقانداق قىيىنچىلىق كۆرمىگەن، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەن ۋە دىن ئىشلىرىدا كەڭرى يول

تۇتقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر؟! لا حول ولا قوة إلا بالله! الله خالىغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرنى نەپسىلىرىنىڭ ئالداپ كەتمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟!

كىشىلەر يۇرۇپ كەتتى، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ قورقۇنچلۇق ئىشقا چۈشۈپ قىلىپ «لا إله إلا الله» قا، تەۋھىد كەلىمىسگە ۋە ئەقىدىگە ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئازغىنە مال ـ ماتاسىغا مايىل بولۇپ قالغان ئىدى.

بەزى ئەسەرلەردە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: تەبۇك جېڭىدە ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىرەر كىشى تۆگىسىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ سىرتقا چىقسا ئىسسىقتىن ھالسىزلىنىپ بىئارام بولاتتى». كىشىلەر نېمە دېيىشتى؟ بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ﴾ «ئۇلار (بىر ـ بىرىگە): <ئىسسىقتا چىقماڭلار> دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا پەيغەمبەر بىلەن بىرگە چىقاتتى)>».[1] بۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆھبەتلىرىگە ۋە جۈمە خۇتبىلىرىگە داخىل بولغان شۇنداقلا پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى بىلىپ، تىللىرى بىلەن ئىقرار قىلغان كىشىلەر ئىدى. ئەگەر ئۇلار چۈشەنگەن بولسا ئەلۋەتتە جەھەننەم ئوتىنىڭ تېخىمۇ قىزىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

[1] سۇرە تەۋبە 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇگۈن بىزنىڭ (جىھاد مەيدانىدىكى) قېرىنداشلىرىمىز ھەققىدە نېمىلەر دېيىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارغا: «ئەگەر قايتىپ كەلسەڭلار سىلەرنى قامچا كۈتۈۋاتىدۇ، تۈرمىلەردە ئازابلىغۇچى قامچىلار بار» ۋە: «سىلەرنى تەكشۈرگۈچى خادىملار ۋە بىخەتەرلىك ساقچىلىرى سوراقتا قىلىۋاتىدۇ» دېيىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا مۇنداق دەيمىز: ﴿قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا پەيغەمبەر بىلەن بىرگە چىقاتتى)>» .[1] الله تىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئىلىم بىلەن توغرا چۈشەنچىنى بىرگە ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

بىز چەكلىك كۈنلەردىكى ئىنسانلارنىڭ تەھدىتى سەۋەبىدىن الله تائالانىڭ جەننىتىنى تەرك ئېتەمدۇق؟ ياق، ھەرگىز تەرك ئەتمەيمىز. الله بىلەن قەسەمكى، كىمكى ئەجەلنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتىدىن ئىلگىرى-كېيىن بولمايدىغانلىقىغا ۋە رىزىقلارنىڭ كەم-زىيادە بولمايدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشەنسە ھەرقانداق تەھدىتلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئۆگەتكەن ھەدىسىدە كەلگەندەك: «ئى ئوغلۇم! مەن ساڭا بىر قانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي. الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا چىڭ يېپىشقىنكى، الله سېنى قوغدايدۇ؛ الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلغىنكى، الله نى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. بىر نەرسە سورىساڭ الله تىن سورىغىن، ياردەم تىلىسەڭ الله تىن تىلىگىن. بىلگىنكى، بارلىق ئۇممەت ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ

[1] سۈرە تەۋبە 81- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله ساڭا پۇتۇۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەقىقەتەن بارلىق ئۇممەت ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ الله ساڭا پۇتۇۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى».[1] بۇ ھەدىس بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئىلىم ئۆگىتىدۇ، بۇ ئىلىم الله تائالانىڭ بىزگە قىلغان نېئمەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر لېكىن ئىسلام ياشلىرى بۇ ئىلىم بىلەن بىرگە ئەمەلنىمۇ ئۆگىنىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئۇلار «لا إله إلا الله»قا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويالىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا مەسىلە مۇكەممەل بولىدۇ. ئەمما سىز ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن ئىلمىڭىزگە ئەمەل قىلمىسىڭىز، بۇ ئىلىم سىزنىڭ زىيىنىڭىزغا ھۆججەت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەن ئىلمىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش بىرگە ئېلىپ بېرىلىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. ئۆگەنگەن ئىلمىگە ئەمەل قىلىشنىڭ مېۋىسى الله تائالادىن قورقۇشتۇر، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ مېۋىسى الله تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ بايان قىلىپ بەرگەن يولغا ئاساسەن ئەمەل قىلىشتۇر.

شۇنىڭ بىلەن جەڭ ئاخىرلاشتى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتىدۇ: «‹سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۇلارغا يېتىشىۋالاي› دېگەن خىيالغىمۇ كەلدىم. شۇنداق قىلغان بولسامچۇ كاشكى، لېكىن ئۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئاشۇ مۇبارەك جەڭ پەيغەمبەر ﷺ قاتناشقان ئەڭ ئاخىرقى جەڭ ئىدى». نەتىجىدە،

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇ قورقۇنچلۇق چوڭ گۇناھقا چۈشۈپ قالغاندىن سىرت، مۇھىم پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدى.

ئى الله نىڭ بەندىسى! ساغلاملىقىڭىزنى، بوش ۋاقتىڭىزنى ۋە ياشلىقىڭىزنى غەنىيمەت بىلىڭ. جەننەت مەيدانلىرى ئېچىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر». بۇ ھەدىسنى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ۋاقىتتا بىر ئادەم: «ئى ئەبۇ مۇسا، سەن بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. سىلەر ئۇنىڭ چۈشەنچىسىگە قاراڭلار! ئۇ بەك كۆپ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئەمەل قىلىشتا (قىلماقچى بولغان ئەمەلنىڭ ماھىيىتىنى) بىلىۋېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ماھىيىتىنى بىلمەي قارىسىغا قىلغان ئەمەل ئۇنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدۇ شۇڭا ئىلىم ۋە ئەمەل بىرگە بولۇش كېرەك. ئۇ كىشى «سەن بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سوراش ئارقىلىق ھەدىسنىڭ ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شۇنداق» دېدى. «ئۇ سەپداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇلارغا سالام قىلدى، قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتى، ئاندىن دۈشمەنلەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!)». ①

مانا بۇ ساھابە كىرام ۋە سەلەف سالىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ماڭغان يولى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «شۇنداق

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلغان بولساڭچۇ كاشكى» دەپ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغان ئىدى. سىزگىمۇ «شۇنداق قىلغان بولساڭچۇ كاشكى» دەيدىغان كۆپ كېلىپ قېلىشتىن ئىلگىرى پۇرسىتىڭىز بار.

تارىخلاردا كېلىشىچە، ئالىملاردىن بىرىگە كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدە ياتقان ھالىتىدە ئۆلۈم كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. ھالبۇكى، ئۇ تەقۋادارلىق ۋە ئىلىم ئۆگىتىش جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ئىدى. ئۇنىڭدىن: «سىز نېمىشقا يىغلايسىز؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ جاۋابەن: «ئىككى پۇتۇمنىڭ الله يولىدا توپا ـ چاڭ بولمىغانلىقىغا يىغلىدىم» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سەھىھ ھەدىسى ھەممىمىزگە مەلۇملۇق. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى پۇتى الله يولىدا (يەنى جىھادتا) توپىغا مىلەنگەن بەندىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ».[1] الله أكبر! بۇ — پەقەت توپا ـ چاڭلىرىلا سىزنى دوزاختىن ساقلاپ قالىدىغان ئىبادەت. مېلى ۋە جېنى بىلەن چىقىپ ھېچنېمىسى قايتمىغان كىشىنىڭ (ئەجرى) قانداق بولار؟! بۇ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. «سەھىھ بۇخارى»دا كەلگەن بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان، پەيغەمبەر ﷺ دىن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلنى قىلغان ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئۆز جېنىنى ۋە مېلىنى خەتەرگە ئاتىغان ئادەمدۇر».[2] بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى بىزنى خەتەردىن قورقۇتىدۇ، ۋەھالەنكى خەتەر قەيەردە بولىدۇ، بىز الله تائالادىن

[1] بۇخارى رىۋايىتى.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.

قەبرىلىرىمىزنى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچا قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. ھەقىقىي خەتەر ھېساب كۈنى بولغان قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت بارلىق ئىنسان زىيان تارتىدىغان كۈندە بولىدۇ چۈنكى قىيامەت كۈنى ئىماننى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن كاپىرنىڭ زىيان تارتقانلىقى، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن مۆئمىنىنىڭ زىيان تارتقانلىقى ئاشكارا بولىدىغان كۈندۇر. ھەقىقەتەن سەن دۇنيا ئىشلىرى بىلەن ئۆمرۈڭنى زايە قىلىش ۋە «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق كۆپ زىيان تارتتىڭ. الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋېلىش مۇناپىقلارنىڭ روشەن سۈپەتلىرىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا بىزدە بۇنداق سۈپەتنىڭ تېپىلىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَاءَ الْمُعَذِّرُونَ مِنَ الْأَعْرَابِ لِيُؤْذَنَ لَهُمْ وَقَعَدَ الَّذِينَ كَذَبُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ﴾ «ئەئرابىلاردىن ئۆزرە بايان قىلغۇچىلار (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سوراپ كەلدى. (ئىماننى دەۋا قىلىپ) الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغانچىلىق قىلغانلار جىھادقا چىقمىدى (يەنى ئەئرابىلاردىن يەنە بىر تۈركۈمى جىھادقىمۇ چىقمىدى، ئۆزرە بايان قىلىپمۇ كەلمىدى)»[1]. الله تائالا بىزنى ۋە سىلەرنى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمەي ئولتۇرۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن!

سىلەر سەلەف سالىھلارغا قاراپ بېقىڭلار. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆزىنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەدىنە كوچىلىرىغا چىقتىم. مەن مەدىنە كوچىلىرىدا پەقەت مۇناپىقلارنى ئۇچرىتاتتىم ياكى جىھادتىن

[1] سۈرە تەۋبە 90- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاجىز كەلگەن كىشىلەرنىلا كۆرەتتىم. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەك يېرىم قىلدى». قارالڭ! مانا بۇلار بىزنىڭ سەلەف سالىھلىرىمىزدۇر.

رۇملۇقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋىرى كەلگەن، تېخى ئۇلار ئىسلام زېمىنىغا بېسىپ كەلمىگەن، پەقەت بىرلىشىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلگەندە قوماندانىمىز ۋە ئۇلگىمىز بولغان پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى: «ئى الله نىڭ چەۋەندازلىرى! جەڭگە ئاتلىنىڭلار» دەپ چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن، پەقەت مۇناپىقلار ۋە جىھادقا چىقىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىلەرلا جىھادقا چىقماي ئولتۇرۇپ قالدى.

قارالڭ، ئى الله نىڭ بەندىسى! ئەگەر سىز نىجاتلىققا ئېرىشىشنى ئويلىسىڭىز پەيغەمبەر ﷺ گە ۋە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە بولغان، الله ئۇلاردىن رازى بولغان ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە ئەگىشىڭ! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ﴾ «مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر»[1]. بۇ يەردىكى ئەگىشىش — سىز ياخشى كۆرگەن ياكى يامان كۆرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇكەممەل ئەگىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ گە راھەت-پاراغەت ۋە جاپا-مۇشەققەتتىمۇ ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت بەردۇق».[2] كىشىلەر ئۇرۇشنى يامان كۆرۈۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە

---

[1] سۈرە فاتىھ 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

سىز ئۆزىڭىزگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتنى ئادا قىلىشىڭىز كېرەك.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدا پەقەت مۇناپىقلارنى ۋە جىھادقا چىقىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىلەرنى كۆردى. پەيغەمبەر ﷺ تەبۇكقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ: «كەئبكە نېمە بولدى؟» دەپ سورىغانىدى، بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بولغان بىر ئادەم: «كەئبنىڭ تون كىيىپ، ئىككى يانغا بېقىشلىرى (يەنى ئۆز-ئۆزىدىن پەخىرلىنىشلىرى) ئۇنى جىھادقا كەلگىلى قويمىغاندۇ!؟» دېدى. چۈنكى ئۇ الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋالغان ئىدى ۋە ئۆزىنى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئىمان ئەھلى ئۈچۈن لايىق بولمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئاندىن مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇرادەر، سەن يامان سۆز قىلدىڭ. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز كەئبنى پەقەت ياخشى ئادەم دەپ قارايمىز». يۇقىرىقى بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بولغان ئادەمنىڭ سۆزى توغرۇلۇق ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كىشىنىڭ دېمەكچى بولغىنى، كىشىنىڭ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قېلىشى باشقىلار تەرىپىدىن سۆكۈلۈشىنىڭ يوللۇق بولۇشىغا سەۋەبچىدۇر». الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىندۇر. الله تائالانىڭ بىزدىن رازى بولغان ھالەتتە ئۆزىگە ئۇچراشتۇرغانىغا قەدەر بىزنى دىنىغا ياردەم بېرىش ئامانىتىنى ئادا قىلغۇچى قىلىشىنى ۋە شۇ ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزۇشىنى سورايمىز.

ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ يىراقتىن توپا-چاڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقان ئاق تونلۇق بىر كىشىنى كۆرۈپ: «سەن ئەبۇ ھەيسەمە بولۇپ

قالغىيدىڭ» دېدى، دەرۋەقە ئۇ ئەبۇ ھەيسەمە ئەنسارى ئىدى. بۇ كىشى ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئىدى. ئۇلار كېتىپ بولغاندىن كېيىن جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغۇچىلار بىلەن بىللە ئولتۇرماستىن، ئۆزى يالغۇز ئاتلانغان ئىدى. ئۇ كىشى ھۆرمەتلىك ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسىمۇ، شەيتان ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالغان ئىدى.

ئىبنى ھەجەر «فتح الباري» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ھەيسەمەنىڭ قىسسىسى توغرۇلۇق جىھاد ئەھلىلىرىنىڭ بەزى سۆزلىرىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن: ئەبۇ ھەيسەمە مۇنداق دېگەن: «مەن ھويلامغا كىردىم ۋە سۇ قويۇلغان باراڭنى كۆردۈم. ياز كۈنلىرى سۇ قويۇلغان باراڭ نېمىدېگەن گۈزەل-ھە! ئاندىن ئايالىمغا قارىدىم». سىلەر بۇ ئىمان ئەھلىلىرىگە ۋە كەسكىن كىشىلەرگە قاراڭلار! ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: <الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ ئاپتاپتا ۋە قاتتىق ئىسسىقتا تۇرسا، مەن نېئمەتتە ۋە سايىدا تۇرسام، بۇ ئىنساپ قىلغانلىق بولمايدۇ!> دېدىم».[1] ئاندىن ئۇ تۆگىسى بىلەن بىرگە ئازراق خورما ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نېمىنى مەقسەت قىلىپ (جەڭگە) چىققان؟ پەيغەمبەر ﷺ «لا إله إلا الله» سەۋەبىدىن چىققان ئەمەسمىدى؟! بىزنى «لا إله إلا الله» قا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويۇۋاتقان نەرسە نېمە؟ «لا إله إلا الله» كىشىلەرگە ھۆكۈمران بولۇشتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىلگەن بىر پەيتتە بىز ئۇنىڭغا «ياردەم بەردۇق» دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمىز. لا حول ولا قوة إلا بالله!

[1] ئىبنى ھەجەرنىڭ «فتح الباري» كىتابى 8- توم 119- بەت.

تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدىكى بەزى ئىبرەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز ئەمما بارلىق ئىبرەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلمايمىز چۈنكى نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ ۋە ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھلارغا ئوخشاش ھەدىس شەرھى ئالىملىرى بۇ ئىبرەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ تەبۇكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ غېمىم باشلاندى. مەن: ‹پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غەزىپىدىن قانداق قۇتۇلارمەن؟› دەپ ئويلىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ نارازىلىق كەيپىياتىدا تەبەسسۇم قىلدى». پەيغەمبەر ﷺ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئاچچىقلانغان ئىدى. ئىبنى ھەجەر بەزى جىھاد ئەھلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مەندىن يۈز ئۆرۈدى. مەن: ‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمشقا مەندىن يۈز ئۆرۈيلا؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن مۇناپىق ئەمەس، دىنىمدىن شەكلەنمىدىم ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمىدىم› دېدىم».[1]

الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشنى تەرك ئېتىش ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمشقا مەندىن يۈز ئۆرۈيلا؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن مۇناپىق ئەمەس، دىنىمدىن شەكلەنمىدىم ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمىدىم» دېدى؛ يەنى كەسكىن ۋە كۈچلۈك جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئى كەئب، نېمە ئۈچۈن ئۆرۈشقا

[1] ئىبنى ھەجەرنىڭ «فتح الباري» كىتابى 8 ـ توم 119 ـ بەت.

چىقىمىدىڭ؟» دېدى. بۇ سوئال كىشىلەر داۋاملىق سورايدىغان «سەن نېمىشقا <لا إله إلا الله> قا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىقمىدىڭ، نېمىشقا ئۇرۇشقا چىقمىدىڭ؟» دېگەن سوئاللاردىن ئىدى. الله تائالادىن ئالىملىرىمىزنىڭ قەلبلىرىنى سەلەف سالىھلىرىمىزنىڭ تارىخىغا دىققەت قىلىشقا ۋە ئىسلام ئۇممىتىگە جىھادنىڭ پەرز ئەين ئىكەنلىكى ھەققىدە پەتىۋا بېرىشكە ئېچىۋېتىشىنى تىلەيمىز. سەلەف سالىھلار جىھادنىڭ بىر قانچە خىل ئەھۋالدا پەرز ئەين بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، شۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ قاتارىدا دۈشمەن ئىسلام زېمىنىغا باستۇرۇپ كەلگەن چاغدا جىھادنىڭ پەرز ئەين بولىدىغانلىقىمۇ بار ئىدى ئەمما دۈشمەن ئىسلام زېمىنىغا باستۇرۇپ كەلگىلى ئۇزۇن يىل بولدى. لا حول ولا قوة إلا بالله! ھەر بىرىمىز مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ ئۆزرە ئېيتساق «لا إله إلا الله» ھەققىدە كىم جاۋابكار بولىدۇ؟! ئەگەر بىز «بۇ ئىشلاردا بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز يوق» دەپ تۇرۇۋالساق، ئۇ ھالدا الله نىڭ دىنى تاجاۋۇز قىلىنىۋەرمەمدۇ!؟ بىز الله نىڭ ئىزنى بىلەن ھەقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەسلىي مەنبەگە قايتىشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ (كەمچىلىكىنى) ئوچۇق ئېتىراپ قىلىشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر دۇنيا ئەھلىدىن سەندىن باشقا بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام يالغان باھانە بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلغان بولاتتىم> دېدىم». ئى

الله نىڭ بەندىلىرى! دىققەت قىلىڭلار. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «مەندە بۇنچىلىك سۆز ئىقتىدارى بار». بۇگۈن كۆپلىگەن سۆزمەن كىشىلەر الله تائالانىڭ كىتابىدىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىدىن ئىلىنغان ئىبنىق، روشەن مەزمۇنلارنى ئاچلىقتا دال بولمايدىغان، ئەھمىيەتسىز تەرەپلەرگە ۋە سۆزلەرگە ئىشلىتىۋاتىدۇ: ئاندىن ئۇلار «تىبخى ۋاقتى ئەمەس» دېيىشىدۇ، ئۇنداقتا ۋاقتى قاچان؟ ئىسلام دۆلىتى بولغان ئەندەلۇسنىڭ بىسىۋېلىنغىنىغا 500 يىلدىن ئاشتى، ۋاقتى قاچان؟ باشقىلار بىزنى نامەلۇم نەرسىلەرگە ئۈندەپ «ئۇنىڭ ۋاقتى كەلمىدى» دېسە، ئۇنداقتا بۇ ئايەتلەر ۋە ھۆكۈملەر نامەلۇم ۋە بىھۇدە ئىشلار ئۈچۈن چۈشكەنمۇ؟

بەندىلەر الله تائالاغا قىلىۋاتقان بۇ كاتتا ئىبادەت شۇنداق ئىبادەتكى، بۇ ئىبادەت ھەققىدە «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دا كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن تاكى ئىنسانلار <بىر الله تىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى> دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ناماز ئوقۇغانغا ۋە زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم». پەيغەمبەر ﷺ بۇ بۈيۈك ئىبادەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدى. بىز قانداقمۇ كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىدىن باشقا يول بىلەن ئىبادەت قىلىشىنى قوبۇل قىلالايمىز!؟ بارلىق «ئىسلام دۆلەتلىرى»نىڭ الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە كاپىر بولغانلىقىدىن ئىبارەت دىنسىزلىقى ئاخبارات سەھىپىلىرىدە ئاشكارا بولدى. لا حول ولا قوة إلا بالله! سىلەر (قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھۆكۈملىرىگە «تېخى

ۋاقتى ئەمەس» دەپ بويۇنتاۋلىق قىلغۇچى) سۆزمەنلەردىن ئېھتىيات قىلىڭلار! سىز كىشىلەرنى تەرك ئېتىپ، ئىمامى ۋە قوماندانى پەيغەمبەر ﷺ بولغان سەلەف سالىھلارغا ئەگىشىڭ.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مەندە بۇنچىلىك سۆز ئىقتىدارى بار لېكىن الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۈگۈن سىنى رازى قىلىدىغان بىر يالغاننى سۆزلىگىنىم بىلەن، پات ئارىدا الله ۋەھىي چۈشۈرۈپ سىنى ماڭا غەزەپلەندۈرىدۇ» دېدى. ئى الله نىڭ بەندىسى! بۈگۈن جىھاد ئەمرى سىزدىن «نېمىشقا جىھادقا چىقمىدىڭ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ. سىزنى نەپسىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر ئالداپ كەتتى. يېقىندا الله ئۆز دىنىنى يالغۇز تاشلاپ قويغان كىشىلەرگە غەزەپ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە كىشىلەرنى سىزگە غەزەپ قىلدۇرۇشى مۇمكىن. لا حول ولا قوة إلا بالله!

كەئب ئىبنى مالىك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ساڭا راست سۆزلىسەم مەندىن خاپا بولىسەن، شۇنداقتىمۇ راست سۆزۈم بىلەن الله تىن كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەتنى ئۈمىد قىلىمەن».

تەخمىنەن 20 يىل ئىلگىرى رۇس كاپىرلىرىغا قارشى تۇنجى جىھاد باشلانغان ۋاقىتتا، مەن ئالىملىرىمىزغا ۋە شەيخلىرىمىزگە جىھادقا چىقىش تەلىپىنى قويدۇم، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزرە ئېيتتى. بىر قىسىملىرىنىڭ تۇتقان يولى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يولىغا يېقىن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى داۋاملىق ئەسلەپ قالىمەن. ئۇلار مۇنداق دېيىشەتتى: «ئى ئۇسامە، سىلەر الله نىڭ بەرىكىتى تەرەپكە ئاتلىنىڭلار، سىلەرنىڭ يولۇڭلار توغرا يول لېكىن بىز ئۇ يولغا

كۆنەلمىدۇق. ھەقىقەتەن بىز ئۆنىڭدىن (يەنى ئۇ يولدىكى مۇشەققەت ۋە خەتەرلەردىن) قورقىمىز». ئىنسان بىلمىگەن نەرسىسىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇلار جىھادقا كۆنەلمىدى چۈنكى بۇ ئىبادەتنىڭ ئىگىلىرى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزۈن يىللار بۇ ئىبادەتنى قىلالماي ئۆتۈپ كەتتى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، مىنىڭ ئۆزرەم يوق ئىدى». يەنى ئۇ ئۆزرىسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە الله بىلەن قەسەم قىلدى. بۈگۈن كۆپىنچە كىشىلەر كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يولىغا ئەگەشكەن ئەھۋالدىمۇ، ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقماسلىققا (كەئب ئىبنى مالىكقا ئوخشاش) ئۆزرىسى يوقتۇر. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مەن ھېچقاچان سەن بىزنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچلۈك ۋە مالدار بولۇپ باققان ئەمەس» دەيدۇ. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن راست سۆزلىدى» دېدى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى كەلگەن ۋاقىتتا، الله تائالا ماڭا راست سۆزلەشنى قارار قىلىشىمنى ئىلھام قىلىشتىن ئىلگىرى، مەن يالغان سۆزلەشنى ئويلاپ قالدىم» دەيدۇ. بۇ ئېتىراپ قىلىش ئۆز نەپسىنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش يولىدىكى ناھايىتى مۇھىم بولغان ئېتىراپ قىلىشتۇر. بۈگۈن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى شۇكى، ئۇلار كىشىلەر بىلەن ئۆزلىرىنى «گۇناھتىن پاك» دېگەن ھالەتكە قويۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ ھەمدە سىزگە: «ئەگەر جىھاد مۇھىم بولغان بولسا پالانى كىشى ئەلۋەتتە جىھادقا چىقاتتى» دەيدۇ. بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقىنىمىز ياخشىلىققا ئىلگىرىلەپ كەتكەن

كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولغان بۈيۈك ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادۇر. ئۇ ساھابە «سەھىھ بۇخارى»، «سەھىھ مۇسلىم» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلاردا نەقىل قىلىنغىنىدەك، «مەن يالغان سۆزلەشكە تاسلا قالدىم» دەپ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدى. ئىنسان نەپسىنىڭ يوللىرى ۋە ئېرىقلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شەيتان ئىنسان بەدىنىدىكى قان ماڭىدىغان تومۇرلاردا ماڭىدۇ. بىز الله قا سېغىنىپ ئۇنىڭدىن (شەيتانىنىڭ ۋە نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلەيمىز. لېكىن الله تائالانىڭ تەۋپىق بېرىشى بىلەن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما راست سۆزلەشنى نىيەت قىلدى. بۇ راست سۆزلەش قارارى ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ پەزلى ـ ئېھسانى بىلەن نىجاتلىق يولى بولدى. ئۇنىڭ بايانى تۆۋەندە كېلىدۇ.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن بەنى سەلەمەلىك بىر قانچە كىشى ماڭا ئەگىشىۋېلىپ تاپا ـ تەنە قىلىشۋەردى. ئۇلار: <سەن پەيغەمبەر ﷺ گە باشقىلار ئۆزرە ئېيتقاندەك ئۆزرە ئېيتقان بولساڭ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گۇناھىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ قويۇشى كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟!> دېيىشتى». ئىنسان نەپسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە، ھەتتاكى ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ نەپسلىرىنىڭمۇ قانچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار!

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مېنى ئەيىبلەۋەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەتتا مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ يالغان ئېيتىشقا تاسلا قالدىم» دەيدۇ. ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغىمۇ جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىسىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ بېسىمى ناھايىتى قاتتىق بولغان ئىدى.

بوگون (جىھادقا چىقىش) تەۋپۇقلۇقىنى بۇزۇۋەتكەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغان كىشىلەرنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر؟! الله تەۋپىق بېرىپ پەندە-نەسىھەت ئالغان كىشىلەر بەك ئاز. الله قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! بىز الله تائالادىن بىزدىن رازى بولغان ھالەتتە ئۆزىگە ئۇچراشقانغا قەدەر بىزنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشىنى ۋە مۇشۇ نېئمەتنى بىزگە مۇقىم قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇلارغا: <مەندىن باشقا مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققانلار بارمۇ؟> دېدىم. ئۇلار: <ھەئە، سەندىن باشقا ساڭا ئوخشاش ئىشقا يولۇققان ئىككى كىشى بار، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغىمۇ ساڭا ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتتى> دېدى». كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇ ئىككى كىشىنى ئەسلىدى، ئۇلار مۇراره ئىبنى رۇبەئ ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە بولۇپ، ئۇ ئىككىسى بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى (بەزى رىۋايەتلەردە شۇنداق كەلگەن).

ئاندىن كىشىلەرگە «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋالغانلارنى تەرك ئېتىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ھەتتا زېمىن ماڭا تار كېلىپ، ئۆز مەھەللەمدىنمۇ ياتسىرايدىغان بولۇپ قالدىم». ئى الله نىڭ بەندىسى! سىزنى كىمنىڭ تەرك ئەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ. سىزنى، غەزەپ قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ غەزىپى ئۈچۈن ئاسمان زېمىننىڭ رەببى الله تائالا غەزەپ قىلىدىغان، ئادەم ئەۋلادىنىڭ سەييىدى بولغان پەيغەمبەر ﷺ تەرك ئەتتى.

مانا بۇ مۇھىم ئىش! ئەسلى 30 مىڭ كىشىدىن ئۈچ كىشىنىڭ قېلىپ قېلىشىدا نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟ بۇ ئازغىنە سان چوڭ قوشۇنغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ لېكىن بۇ يەردىكى مەسىلە نېمىشقا بۇ قەلبلەر «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋالىدۇ. بۇ يەردە ئۇ سانىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ياكى تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى سىزنىڭ ئۇستىڭىزدە بار بولغان سىز ئۆتەشكە تېگىشلىك پەرز ئامانەتتۇر.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما (پەيغەمبەر ﷺ ۋە باشقا مۇئمىنلەر تەرىپىدىن) تەرك ئېتىلدى، ھەتتا ئۆزى ئۆزىگە يات تۇيۇلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ماڭا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتتا غەسسان پادىشاھىدىن بىر ئەلچى كەلدى». غەسساننىڭ بەنى قەيلە قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. ئۇلار بىلەن ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەسەبداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئانىسى بىر ئىدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ خەۋىرى غەسسان زېمىنىغا يەتتى. ئاندىن غەسسان پادىشاھى ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: «بىزگە قوشۇلغىن، ساڭا ياخشىلىق قىلىمىز، الله سېنى خار زېمىندا مەجبۇرى ياشاشقا زورلىغان ئەمەس» دېدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «كاپىر-مۇشرىكلار مېنى تاما قىلىۋاتىدۇ». شۇنداق، جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى مەدىكار خىيانەتچى ھاكىملار تاما قىلىشىدۇ ۋە ئۇلارنى «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشتىن باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَرْكَنُوا إِلَى الَّذِينَ ظَلَمُوا فَتَمَسَّكُمُ النَّارُ﴾ «زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر».[1] الله بىزنى ۋە سىلەرنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن!

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مەن خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ ئاندىن ئۇنى تونۇرغا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم» دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ماڭا ئېغىر تويۇلۇۋاتقان ۋاقىتتا، مەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ماڭا ئەڭ يېقىن بولغان تاغامنىڭ ئوغلى ئەبۇ قەتادەنىڭ بېغىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشتۈم. ئاندىن ئۇنىڭغا دېدىم: <ئى ئەبۇ قەتادە! الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى،...>». ئى الله نىڭ بەندىلىرى! سىلەر ئىمان بىلەن جىھادنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار. ئۇنىڭغا (يەنى كەئب ئىبنى مالىكقا) زېمىن تار كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن تۇرسا، ئۇنى زېمىن ۋە ئۆز نەپسى قانداقمۇ سىغدۇرسۇن!؟ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەبۇ قەتادە!...». قايسى نەرسە ئىنسانغا خاتىرجەملىك بېرىدۇ؟ قاتتىق تارچىلىق ھېس قىلغان ئىنساننى قەلبىتىكى ئىماندىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەڭگۈشتەر خاتىرجەم قىلىدۇ. ئۇ قەلب الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەبۇ قەتادە! الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، سەن مېنىڭ الله ۋە

---

[1] سۈرە ھۇد 113ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟!». اللە أكبر! سىزنىڭ «لا إله إلا الله»نى ياردەمسىز تاشلاپ قويغىنىڭىز ئېغىر گۇناھتۇر. «لا إله إلا الله» بىزنىڭ قەلبلىرىمىزنى نۇرلاندۇرالمىدىمۇ؟! سىز اللە نى ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ قانداقمۇ بۇ بۈيۈك كەلىمىنى تەرك ئېتىپ جىھادتىن قېلىپ قالغۇچىلار بىلەن ئولتۇرالايسىز؟!

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ماڭا جاۋاب قايتۇرمىدى» دەيدۇ. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەدىسنىڭ بېشىدا: «ئۇ مەن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېقىنى تۇرۇپمۇ مەن ئۇنىڭغا سالام قىلسام سالام قايتۇرمىدى» دەيدۇ. (ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالام قايتۇرمىدى) چۈنكى اللە نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋالغان كىشىلەرگە (اللە بېكىتكەن) جازانىڭ ئىجرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇلار اللە نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان ئىدى لېكىن اللە تائالا ئۇلارنى (يەنى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق كىشىلەرنى) ئۆز رەھمىتىگە ئېلىپ، ئۇلارغا تەۋبە ئاتا قىلدى. اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن! كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭدىن (يەنى ئەبۇ قەتادەدىن) ئىككىنچى قېتىم اللە نىڭ نامى بىلەن سوراپ: <سەن مېنىڭ اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟!> دېسەم، ئۇ جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۈچىنچى قېتىم اللە نىڭ نامى بىلەن سوراپ: <سەن مېنىڭ اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟!>

دېسەم، ئۇ: <الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!> دېدى». كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىككى كۆزۈم ياش تۆككەن ھالدا قايتىپ چىقتىم». كائىناتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش الله قا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يېقىنى بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە قادىر بولالمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ھاياتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئۇ «ياخشى كۆرۈش»نى ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى لېكىن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادا ئۇ «ياخشى كۆرۈش»نىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلماي «الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!» دېدى.

بىز كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىدىغان بايانلارنىڭ قاتارىدىكى بىر نوقتا شۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە بۇ ھالەتتە قىرىق كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەلچىسى كېلىپ: <پەيغەمبەر ﷺ سېنى ئايالىڭدىن ئايرىلىپ تۇرسۇن دەيدۇ> دېدى». ئى الله نىڭ بەندىلىرى! ئەرلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە ئاياللىرى ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار. ئۇنىڭ ئايالىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشىغا بۇيرۇق كەلدى. تىرىك قەلب گەرچە غەپلەتتە قالسىمۇ ھامىنى ھەقنى ئەسلەپ توغرا يولغا قايتىدۇ. ئۇلار «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشنى تەرك ئېتىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ كىشى: «پەيغەمبەر ﷺ سېنى <ئايالىدىن ئايرىلىپ تۇرسۇن> دەيدۇ» دېدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنىڭغا: <تالاق قىلامدىكەنمەن ياكى قانداق

قىلىدىكەنمەن؟› دېدىم». كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانى رازى قىلىش ئۈچۈن ئايالىنى تالاق قىلىشقا تەييار تۇرغان ئىدى. ئۇ كىشى: «ياق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرغىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىغىن» دېدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايالىغا: «مۇشۇ ئىش توغرىسىدا الله ھۆكۈم چىقارغۇچە سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرغىن» دېدى.

بىز الله تائالانىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىنى ھالال ساندۇق. رەببىمىز الله تائالا ئۇ ئاياللارنى بىز ئۈچۈن ياراتتى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا﴾ «ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر».[1] ئايال كىشى الله تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان پەزلى-ئېھسانىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئايال كىشىنىڭ يارىتىلىشىدا ۋە ئايال كىشى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشتا خاتىرجەملىك، مېھرى-مۇھەببەت ۋە ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش بار. سىز بارلىق نەرسىڭىزنىڭ سىزگە ئېھسان قىلىپ بېرىلىشىگە سەۋەب بولغان بۇ دىنىنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىڭىزسىزلا سىزنى يوقلۇقتىن بار قىلغان رەببىڭىز الله تائالانىڭ دىنىنى قانداقمۇ ياردەمسىز تاشلاپ قويالايسىز؟!

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مەن ئۇ ئىككىسىدىن ياشراق ئىدىم. مېنىڭ ئۇ ئىككى بۇرادىرىم ئۆيلىرىدە يىغلاپ ئولتۇراتتى» دەيدۇ. تىرىك قەلب ئەسلىتىلسە پەندە-نەسىھەت ئالىدۇ.

[1] سۇرە رۇم 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككىسى 40 كۈن يىغلاپ چىقتى. ئۇلارغىمۇ <ئاياللىرىڭلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇڭلار> دەپ ئەلچى ئەۋەتىلىپتۇ. ھىلال ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئايالى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھىلال ئىبنى ئۇمەييە بولسا ياشىنىپ قالغان ئاجىز كىشى، مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام خاپا بولامسەن؟> دېدى». ھىلال ئىبنى ئۇمەييە يېشى چوڭ ئاجىز كىشى لېكىن ئۇ جىھادقا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇپ قالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغىمۇ جازا كەلدى. ئۇ جىھادقا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، يۈك ـ تاقىلىرىنى ساقلاپ بېرىشكە قادىر ئىدى. الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ئۇنىڭ ئايالى: «ھىلال ياشىنىپ قالغان ئاجىز كىشى. مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام خاپا بولامسەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «مەيلى لېكىن ئۇ سىزگە يېقىنلاشمىسۇن» دېدى. ئۇ ئايال: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىگە رايى يوق» دېدى. الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!

ئى الله نىڭ بەندىسى! سىزنىڭ «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋېلىشىڭىزغا نېمە ئۆزرىڭىز بار؟ الله تائالا سىزنى ساغلاملىق، كۆز، يۈرەك ۋە مال ـ دۇنيا بىلەن ھاجەتلىرىڭىزنى تولۇق قاندۇردى. سىز الله نىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن زېمىننىڭ مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپلىرىگە بارالايسىز. ياراتقۇچىڭىز ۋە ئىگىڭىز بولغان الله تائالاغا ياردەم بېرىشتىن نېمە ئۈچۈن ئولتۇرۇپ قالىسىز؟ سىزگە ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى ھاياتىڭىزنى، بايلىقىڭىزنى، ساغلاملىقىڭىزنى ۋە ياشلىقىڭىزنى غەنىيمەت بىلىڭ! ئۆلۈم

كەلگەن ۋاقىتتا پۇشايمان قىلىش سىزگە مەنپەئەت بەرمەيدۇ. لا حول ولا قوة إلا بالله!

شۇنىڭ بىلەن، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىنسان نەپسىنىڭ جىھاد ئىبادىتىگە مۇئامىلە قىلىشىدىكى خاراكتېرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئۇلۇغ قىسسىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ھىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى: ‹الله بىلەن قەسەمكى ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن باشلاپ ئۇ تاكى بۈگۈنگە قەدەر يىغلاپلا كېلىۋاتىدۇ› دېدى».

ھەقتىن باشقىغا ئۇنىمايدىغان مۇئمىنىنىڭ ھۆر قەلبىنى گۇناھ-مەئسىيەت قىلىش ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ قەلب گۇناھلارنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇۋاتىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ساھابىلەر تەبۇك ئۇرۇشى بولغان كۈنى جىھادقا چىقىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ئۇلاغ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئۇلارغا بەرگىدەك ئۇلاغ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى، الله تائالا كىتابىدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلەپ نېمە دېدى؟ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿تَوَلَّوْا وَأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ حَزَنًا أَلَّا يَجِدُوا مَا يُنْفِقُونَ﴾ «ئۇلار (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى».[1]

ئۆلۈم يېقىنلىشىپ قالغان ئەمما الله يولىدا جىھاد قىلىپ باقمىغان، مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەر ئۈچۈن چىرايى قىلچىلىكمۇ ئۆزگىرىپ قويمىغان، ھەتتا

[1] سۈرە تەۋبە 92- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر تېمىم ياشمۇ تۆكمىگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر!؟ لا حول ولا قوة إلا بالله!

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ ھالەتتە ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز ماڭا بىر كىشىنىڭ ئاۋازى يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ گە (بىز ھەققىدە) تەۋبە ئايىتى چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ كىشى سەلئە دېگەن تاغقا چىقىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: <ئى كەئب ئىبنى مالىك! خۇش بىشارەت ئالغىن> دەپ توۋلىغان ئىكەن». ئۇ يەنە: «الله تائالانىڭ مېنى مەغپىرەت قىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ سەجدىگە چۈشتۇم» دەيدۇ. (ئۇ الله نىڭ مەغپىرىتىدىن خۇشال بولۇپ سەجدىگە يىقىلدى،) چۈنكى «لا إله إلا الله»قا ياردەم بەرمەي ئولتۇرۇۋېلىش ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى.

بىز قىسقىچە توختىلىپ باقايلى، ئۇلار (جىھادقا چىقماي ئولتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت) چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان قېرىندىشىغا الله نىڭ تەۋبە بەرگەنلىكىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەچكە، بۇ خۇش بىشارەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەزىلىرى ئات چاپتۇرۇشتى، بەزىلىرى يۈگۈرۈشتى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا خۇش بىشارەت ئېلىپ كەلگەن ئادەم يېنىمغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بەرگەن خۇش بىشارىتى ئۈچۈن ئۇچامدىكى ئىككى كىيىمنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدۇم، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا باردىم». ئى الله نىڭ بەندىلىرى! سىلەر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىڭلار.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا تەۋبە ئاتا قىلىنغانلىقىنى

تەبرىكلىشىپ: <الله نىڭ ساڭا ئاتا قىلغان تەۋبىسى مۇبارەك بولغاي> دېيىشتى». يەنى ئۇلار «لا إله إلا الله»نى ياردەمسىز تاشلاپ قويۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر گۇناھقا الله تەرەپتىن مەغپىرەت چۈشكەنلىكى ئۈچۈن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا خۇش بىشارەت بېرىشتى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ گە سالام بەردىم، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۈزلىرى بىزگە تەۋبە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى». ئۇ سورىدى: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بىشارەت سەن تەرەپتىنمۇ ياكى الله تەرەپتىنمۇ؟»، پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ الله تەرەپتىندۇر» دېدى. سىلەر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ نۇرغۇن قېتىم ئادا قىلىنىپ، بىر قېتىم ئادا قىلىنماي قالغان جىھاد ئىبادىتىگە قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار! كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «<ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! تەۋبەم قوبۇل بولغانلىقى ئۈچۈن بارلىق نەرسىلىرىم الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن سەدىقە بولسۇن> دېدىم». ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. الله كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رازى بولسۇن!

بۈگۈن سىزدىن بارلىق مېلىڭىز تەلەپ قىلىنمىدى، ھالبۇكى ئۇ الله نىڭ مېلى ئىدى. ھەقىقەتەن سىز ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلاردا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدىڭىز شۇڭا زىيان تارتىش كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) كېلىشتىن ئىلگىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىڭ ۋە جىھادقا ئاتلىنىڭ! ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى جىھاد سېپىدە بىر سائەت تۇرۇش ئاتمىش يىل قىيامدا

تۇرغاندىن ياخشىدۇر».[1] بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر يەنە قانداق زىيان بار؟ سىزنىڭ يەھۇدىيلارغا، ناسارالارغا ۋە ئۇلارنىڭ مالايلىرىغا قارشى بىر سائەت «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە بېرىش ئىمكانىيىتىڭىز بار. الله نىڭ پەزلى بىلەن بۇ ساھەلەر كەڭرى ۋە ئوچۇق. «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىش يولىدا تەييارلىق ۋە مەشىق قىلىدىغان ئورۇنلار شۇنچىلىك ئاسان تۇرۇپمۇ سىز يەنە نېمىشقا جىھادتىن ئولتۇرۇۋالىسىز؟ بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنىغان جىھاد پەرز كۇپايىلىك ھالەتتە ئىدىغۇ!؟ بىلىڭكى، «الله يولىدىكى جىھاد سېپىدە بىر سائەت تۇرۇش 60 يىل قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىدۇر». يەنە بىر ھەدىستە: «بىر ئاي رىباتتا تۇرۇش ئۆمۈر بويى روزا تۇتقاندىن ياخشىدۇر»[2] دېيىلگەن. بۇ بۇيۈك ئەجىر ۋە كاتتا مۇكاپاتلار كەرەملىك الله تائالانىڭ سېخىيلىقىدىندۇر.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «<مەن خەيبەردىكى نېسىۋەمنى (ئۆزۈم ئۈچۈن) قالدۇرۇپ قوياي> دېدىم ۋە يەنە: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله مېنى راستچىللىقىم بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشتۈردى، ھاياتلا بولسام راست سۆزلەش مېنىڭ تەۋبەمنىڭ قاتارىدىن بولغاي> دېدىم» دەيدۇ.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ ئۆزىنى راستچىللىققا ھىدايەت قىلىشتىكى پەزلى ـ ئېھسانىنى تىلغا ئالدى. ھەقىقەتەن بۇ راستچىللىق الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېئمەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىدى. راستچىللىق — ئۇنىڭمۇ

---

[1] ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ھەم باشقا كىشىلەر (يەنى جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان ئەمما كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق ئۈچ ساھابىگە ئوخشاش تەۋبە قىلمىغان كىشىلەر)گە ئوخشاش ھالاك بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نىجاتلىق بەردى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن الله تائالا يالغان ئېيتقۇچىلارغا ھېچ كىشىگە دەپ باقمىغان يامان سۆزنى قىلدى».

الله تائالا «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سۈپەتلىرىنى «سۈرە تەۋبە»دە ئاشكارىلاپ، مۇناپىقلارنى رەسۋا قىلدى. سىلەر بۇ سۈرىنى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇڭلار! ھەربىرىڭلار قۇرئاندىكى ئۇرۇش ئايەتلىرى، جىھاد ئايەتلىرى ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىدىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئۇ يولدىن يىراقلىشىپ ئولتۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرىگە يېقىنلىشىپ قالدىڭلارمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئويلىنىش ئۈچۈن بۇ ئايەتلەر ھەققىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىڭلار. لا حول ولا قوة إلا بالله!

الله تائالا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ أَنْ آمِنُوا بِاللَّهِ وَجَاهِدُوا مَعَ رَسُولِهِ اسْتَأْذَنَكَ أُولُو الطَّوْلِ مِنْهُمْ﴾ «بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: <الله قا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار> دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مالدارلار سەندىن (غازاتتىن قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ».[1] مال-دۇنيا، ساغلاملىق، كۈچ-قۇۋۋەت، ئەقىدە ۋە پىكىردە كەڭچىلىك بېرىلگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن الله تائالا ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ئۆز

[1] سۈرە تەۋبە 86- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نېئمەتلىرىنى زىيادە قىلىپ بەردى. جىھادتىن قېلىپ قېلىشقا ئىزنى سورىغانلار كىملەر؟ ئۇلار پەقەت مۇسۇلمانلارنى الله تائالا (ئۆز پەزلى بىلەن) باي قىلغانلىقى ئۈچۈن يامان كۆرىدىغان كىشىلەردۇر. ﴿وَإِذَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ أَنْ آمِنُوا بِاللَّهِ وَجَاهِدُوا مَعَ رَسُولِهِ﴾ «بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: ‹الله قا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار› دېيىلسە».[1] بۇ كاتتا ئىبادەت (يەنى جىھاد) «الله » ۋە «پەيغەمبەر» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلدى. ﴿وَإِذَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ أَنْ آمِنُوا بِاللَّهِ وَجَاهِدُوا مَعَ رَسُولِهِ اسْتَأْذَنَكَ أُولُو الطَّوْلِ مِنْهُمْ وَقَالُوا ذَرْنَا نَكُنْ مَعَ الْقَاعِدِينَ ۞ رَضُوا بِأَنْ يَكُونُوا مَعَ الْخَوَالِفِ﴾ «بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: ‹الله قا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار› دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مالدارلار سەندىن (غازاتتىن قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار: ‹بىزنى قوي، (غازاتقا چىقماي، ئۆيلىرىدە بەخىرامان) ئولتۇرغۇچىلار بىلەن بىللە بولايلى› دەيدۇ [86]. ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى».[2] يەنى ئۇلار ئاياللار بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولدى.

مەن تىلغا ئالغان ئاياللار جىھاد قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمىغان ئاياللاردۇر، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ جىھادى قىيىنچىلىق بولمىغان ھەجدىن ئىبارەت. بىزگە الله نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن ھالال قىلىنغان ھۆر ئاياللاردىن پەيغەمبەر ﷺ پەقەت ئىسلامغا بەيئەت ئالغان، يەنى ئاياللارنىڭ ۋە قۇللارنىڭ

[1] سۈرە تەۋبە 86- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە 86- ئايەت ۋە 87- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەيئىتى پەقەت ئىسلامغا بولغان ئىدى لېكىن پەيغەمبەر ﷺ ھۆر ئەرلەردىن ئىسلامغا ۋە جىھادقا بەيئەت ئالغان ئىدى. سىز ئاشۇ ئاياللارغا ئوخشاپ قالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟! بىز ئىككى ھەرەمنى «قوغداۋاتقان»، يەنى سەئىد ۋە مۇسەننانىڭ نەۋرىلىرىنى قوغداۋاتقان يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ تۇزۇملىرىگە رازى بولامدۇق؟! بۇ يەردە ئەرلەر يوقمۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى، بۇ خىل ئەھۋالغا ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەجداتلىرىمىز رازى بولغان ئەمەس. الله تائالا بىزگە ئۇلۇغ دىن ۋە توغرا يولنى بەرگەندىن كېيىن بىز قانداقمۇ رازى بولغۇدەكمىز!؟ لا حول ولا قوة إلا بالله! بىز پەقەت الله قىلا شىكايەت قىلىمىز.

بىز مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پەقەت (ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار بىلەن جىھادقا چىقماي بىللە قېلىپ قېلىشقا) رازى بولۇشى بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى قاتتىق سۆككەن ئىدۇق. ﴿رَضُوا بِأَنْ يَكُونُوا مَعَ الْخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَفْقَهُونَ ۞ لَكِنِ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ جَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ وَأُولَئِكَ لَهُمُ الْخَيْرَاتُ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ۞﴾ «ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (جىھادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ [87]. لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى. ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە

يەتكۈچىلەردۇر». [1]

بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرنىڭ نىجات تاپىدىغانلىقى ۋە ئۇلار تاللىغان يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە الله تائالانىڭ گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەگەر سىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋە ئۇممەتنىڭ سەلەف سالىھلىرىنىڭ (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!) يولىدا ماڭغۇچى بولسىڭىز، بۇ (يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان يول) ئوپئوچۇق توغرا يولدۇر. جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلار بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولغان كىشىلەر ھەققىدىكى بايانلاردا مۆئمىنلەرنى مۇناپىقلارنىڭ يولىدا مېڭىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى خىل يول ئېنىق ئايرىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَكِنِ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ﴾ «لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار...». [2] ئەگەر سىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەگەشكۈچىسى بولسىڭىز، ئۇ ھالدا توغرا يول بۇ ئايەتتە بايان قىلىندى: ﴿جَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ﴾ «ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى». [3] جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغۇچىلار بولسا نەپسلىرى ئالداپ كەتكەن ھەمدە الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە يالغان سۆزلىگەن كىشىلەردۇر.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله قا ھەمدىلەرنى ئېيتتى چۈنكى جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغان ئەمما تەۋبە قىلمىغان كىشىلەرگە يەتكەن ھالاكەت ئۇنىڭغا كەلمىدى. ئەگەر ئۇ يالغان ئېيتقان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغىمۇ ئۇلارغا يەتكەن ھالاكەت كەلگەن

---

[1] سۈرە تەۋبە 87 ـ، 88 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە تەۋبە 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە تەۋبە 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولاتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭغا باشقىلار تەرىپىدىن: «سەن ئۆزرە ئېيتقان بولساڭ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەن ئۈچۈن تىلىگەن مەغپىرىتى سېنىڭ گۇناھىڭغا كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟!» دېيىلگەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن: ‹پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا يالغانچىلىق ۋە جىھادتىن ئولتۇرۇپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى گۇناھنى تەڭ ئۆتكۈزمەيمەن› دېدىم». ئى الله نىڭ بەندىلىرى! الله يولىدىن ئولتۇرۇپ قېلىش بىلەن سىنالغان كىشىنىڭ جىھادقا چىقماي ئولتۇرۇپ قېلىشى ھەمدە الله نىڭ بەندىلىرى بولغان مۇئمىنلەرنى الله يولىدىكى جىھادتىن ياردەمسىز تاشلاپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىككى گۇناھنى تەڭ ئۆتكۈزمەسلىكنى تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭلار! سىز نېمشقا بېخىللىق قىلىسىز ۋە كىشىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيسىز؟ بېخىللىق قىلىش الله تائالا سۆككەن قەبىھ سۈپەتلەردىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَبْخَلُونَ وَيَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبُخْلِ﴾ «ئۇلار (يەنى مۇتەكەببىرلەر، ماختانچاقلار) بېخىللىق قىلىدۇ، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدۇ».[1] مالغا بېخىللىق قىلىش مۇسىبەتتۇر. ئەگەر الله تائالا سىزنى بېخىللىق ۋە قورقۇنچاقلىق بىلەن سىنىسا، سىز گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن الله قا ئىستىغپار ئېيتىڭ ۋە باشقىلارنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇماڭ. باشقىلار مال-دۇنيالىرىنى الله يولىدا ئىشلىتىشتىن باش تارتسا، سىزگە نېمە پايدىسى بار؟ باشقىلار ئۆز دىنىنى قوغداشتىن ئولتۇرۇۋالسا سىزگە نېمە پايدىسى بار؟ بۇ ھەقىقەتەن شەيتان كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە تاشلىغان

[1] سۈرە نىسا 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۈبھىلەر ئىدى. ﴿إِنَّمَا ذَلِكُمُ الشَّيْطَانُ يُخَوِّفُ أَوْلِيَاءَهُ﴾ «ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقىتىدۇ».[1]

ئەگەر 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بۇ يەرگە چىقسا، ئەلۋەتتە يەككە-يېگانە الله نىڭ ئىزنى بىلەن كۈچ توپلىنىدۇ. مەن الله نىڭ پەزلى بىلەن 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى بۇ مەيدان ۋە بۇ يول ھەققىدىكى ئىلىملەرنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

كىشىلەر قانداقمۇ چىقسۇن؟ ئۇلار شەيتان ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىگە چىرايلىق كۆرسەتكەن ۋە چوڭ كۆرسەتكەن قۇرۇق ئۆزرىلەرنى ئېيتىشىدۇ. شەيتان سىزگە: «<باشقا يوچۇقلارنى كىم ئېتىدۇ؟>، <باشقا كىشىلەرمۇ قېلىپ قالدى> ۋە «<لا إله إلا الله>نىڭ بايرىقىغا ياردەم بېرىلىپ بولدى شۇڭا سىلەردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ>» دەيدۇ.

ئى الله نىڭ بەندىسى! سىز جىھادتىن ئولتۇرۇپ قىلىش، جىھادتىن توسۇش ۋە جىھادنى ياردەمسىز تاشلاپ قويۇش قاتارلىق گۇناھلارنى گەدىنىڭىزگە يۈكلىۋېلىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. ﴿قَدْ يَعْلَمُ اللَّهُ الْمُعَوِّقِينَ مِنْكُمْ﴾ «الله ئىچىڭلاردىكى باشقىلارنى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى بىلىدۇ».[2] الله تائالا بىزنىڭ قەلبلىرىمىزدىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. نەپسىڭىزگە قاراڭ، ئۇ خۇددى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئالداشقا ئۇرۇنغانغا ئوخشاش سىزنىمۇ ئالداپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مېنى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 175- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

راستچىللىقتا ھىدايەت قىلغان ۋە ئۇ نېئمەتلەرنى بەرگەن الله قا چەكسىز ھەمدىلەر بولسۇن! راستچىللىق، مەن ئىسلام كەلتۈرگەندىن كېيىن الله تائالا ماڭا ئاتا قىلغان ئەڭ ئۇلۇغ نېئمەتتۇر چۈنكى مەن يالغان سۆزلىمىدىم. ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولسام خۇددى باشقىلار ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتەتتىم. ھەقىقەتەن الله تائالا ھېچكىمگە ئېيتمىغان يامان سۆزنى ئۇلارغا ئېيتقان ئىدى، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ ۞ يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنْ تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَى﴾ <ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر [95]. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ) چۈنكى الله رازى بولمايدۇ>». [1] لا حول ولا قوة إلا بالله! سىز «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋالسىڭىز، نەتىجىدە الله سىزدىن رازى بولمىسا، ئۇ ھالدا بۇ ھاياتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن!؟ ﴿فَإِنْ تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَى عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ﴾ «سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)،

[1] سۈرە تەۋبە 95ـ ئايەت ۋە 96ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ».[①] الله تائالا ئۇلارنى يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى سۈپەتلەر بىلەن، باشقا بىر ئايەتتە «زۇلۇم قىلغۇچى» دېگەن سۈپەت بىلەن ۋە يەنە بىر ئايەتتە «پاسىق» دېگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى.

كەئب ئىبنى مالىكنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئېتىراپ قىلىش — ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قەلبلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۇنى داۋالاش ۋە ئۇنى توغرا يولغا قايتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ياخشى بىر ئۈلگىدۇر. ئۇممەتنىڭ سەلەف سالىھلىرى تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك كىشىلەر ئىدى. ﴿لَكِنِ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ جَاهَدُوا﴾ «لېكىن پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار جىهاد قىلدى».[②] جىهادتىن پەقەت دىنىنى چۈشەنمەيدىغان ئەئرابىلار ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، شۇ ھالەتتە ئۇلار «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەپ مىننەت قىلغان ۋاقىتتا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُلْ لَمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِنْ قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ﴾ «ئەئرابىلار: <ئىمان ئېيتتۇق> دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى>».[③]

كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا ئۇلارغا مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ھالەتلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ئى الله نىڭ بەندىلىرى! دىققەت

[①] سۈرە تەۋبە 96- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە تەۋبە 88- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] سۈرە ھۇجۇرات 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىشلار. ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقي) مۆئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر».[1] الله أكبر! بۇ ئايەت ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. الله ئۇلارغا: «ئەگەر سەن مۆئمىنلەردىن بولۇشنى نىيەت قىلساڭ، بۇ ئىماننىڭ سۈپىتىدۇر. يەنى مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكى شەك قىلماستىن الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ھەمدە الله يولىدا ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشتۇر» دېدى.

ئاندىن الله تائالا ئۇ سۈپەتلەرگە راستچىللىق سۈپىتىنى قوشتى، بۇ سۈپەت كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى (ھالاك بولۇشتىن) قۇتۇلدۇرغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «راستچىللىق ياخشىلىقتۇر، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بەندە داۋاملىق راست سۆزلىسە، ئاخىرى ئۇ الله نىڭ ھوزۇرىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ»[2] دېگەن ئىدى.

سىلەر راستچىل بولۇڭلار ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقي) مۆئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى ۋە

[1] سۈرە ھۇجۇرات 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر. »[1] ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان الله ! بىزنى راستچىللار قاتارىدىن قىلغىن ۋە بۇ نېئمەتنى داۋاملاشتۇرۇپ بەرگىن.

مەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا: «سىلەر پەيغەمبەر ﷺ تىلغا ئالغاندەك دورامچى بولماڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىمەن. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەردىن ھېچكىم <باشقىلار ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق قىلىمىز، يامانلىق قىلسا يامانلىق قىلىمىز> دەيدىغان دورامچىلاردىن بولمىسۇن» .[2] سىز قەبرىگە يالغۇز قويۇلۇپ، يالغۇز سوئال ـ سوراق قىلىنىسىز ۋە قىيامەت كۈنى يالغۇز تىرىلدۈرۈلىسىز. قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلگەندىن كېيىن «لا إله إلا الله»نى ياردەمسىز تاشلاپ قويغانلىقىڭىز توغرىسىدا سوئال ـ سوراق قىلىنىسىڭىز قانداق جاۋاب بېرىسىز؟ سىزدىن: «سېنى جىھادتىن نېمە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، الله سېنى باي قىلغان ئىدىغۇ؟» دەپ سورالسا قانداق قىلىسىز؟ ﴿إِنَّمَا السَّبِيلُ عَلَى الَّذِينَ يَسْتَأْذِنُونَكَ وَهُمْ أَغْنِيَاءُ رَضُوا بِأَنْ يَكُونُوا مَعَ الْخَوَالِفِ وَطَبَعَ اللَّهُ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «ئۆزلىرى باي تۇرۇپ (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سورىغانلار ئەيىبلىنىشى كېرەك، ئۇلار (جىھادقا چىقمىغان ئاياللار، كېسەللەر، ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى)

[1] سۈرە ھۇجۇرات 15 ـ ئايەت.
[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

بىلمەيدۇ». [1]

سىز بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭ. ھەقىقەتەن جىھادتىن ئولتۇرۇۋېلىش ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىپ كەتتى. ئى الله نىڭ بەندىلىرى! ئاتلىنىڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار. كەلگۈسىدىكى قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش ئېغىر پىتنە-پاساتلىق زامانلار كېلىشتىن بۇرۇن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىڭلار. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەھىھ ھەدىستە بايان قىلغىنىغا ئوخشاش: «ھەقىقەتەن قىلىچ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ». [2] شەھىدنىڭ قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ھەقىقەتەن قىلىچ خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ.

سىز بىزنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن بىزگە ئەۋەتىلگەن زاتقا (يەنى پەيغەمبەر ﷺ)گە ئەگىشىڭ. بىزنىڭ ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىلمى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئوچۇق ۋەھيي ئېلىپ چۈشكەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىلمىنىڭ قاتارىدىكى ئىلىملەردۇر. پەيغەمبەر ﷺ نېمە دېگەن ئىدى؟ ئۇ ئوچۇق ئەرەب تىلى بىلەن سۆزلىدى، ھەقىقەتەن الله تائالا سىلەرنى ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان، ئەرەب تىلىنى چۈشىنىدىغان قىلدى، سىلەرنىڭ (جىھادتىن ئولتۇرۇۋېلىشتىكى) ھۆججىتىڭلار نېمە؟ راست سۆزلىگۈچى ۋە راست سۆزلىگۈچى دەپ تەستىقلانغۇچى پەيغەمبەر ﷺ «سەھىھ بۇخارى»، «سەھىھ مۇسلىم» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلاردا كەلگەن ھەدىستە الله بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ

[1] سۈرە تەۋبە 93- ئايەت.

[2] ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كېلىپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق قوشۇندىن قېلىپ قالمايتتىم».[1] سىلەر ئەرەب تىلىنى چۈشۈنەمسىلەر؟ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ الله يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان ھېچقانداق قوشۇندىن ئايرىلىپ قالمايدىغانلىقىغا الله بىلەن قەسەم قىلىۋاتىدۇ لېكىن سىز ئەكسىچە الله يولىدىكى جىھادتىنمۇ ئەۋزەلرەك ئەمەلنى تېپىشقا تىرىشىۋاتىسىز.

ئىلگىرى رۇس كاپىرلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە كۆپچىلىك مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىككە كېلىپ جىھادنىڭ پەرز ئەين ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەنگە قەدەر ھېچقانداق تەشكىلات قۇرۇلمىغان ئىدى. ئۇلار جىھادنىڭ پەرز ئەينلىكىگە پەتىۋا بەرگەن تۇرۇپمۇ سىزنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىڭىزغا نېمە ئاساسىڭىز بار، ھۆججىتىڭىز نېمە؟ سىزنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنغا مايىل قىلىدىغان ئىنسان نەپسىنىڭ ئالدامچىلىقىدىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ﷺ: «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كېلىپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق قوشۇندىن قالمايتتىم» دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىدا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ الله

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

يولىدا جىھادقا چىقماسلىقى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!؟ لا حول ولا قوة إلا بالله! جىھاد پەرز ئەين بولغان زاماندا بىز جىھاد چۈشەنچىسىنى قەيەردىن ئالىمىز؟ تاتارلارغا قارشى جىھنى بىلەن جىھاد قىلغان دىيانەتلىك ئالىم شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ جىھاد چۈشەنچىسى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: «جىھاد ھەققىدىكى پەتىۋانى دۇنيا ۋەزىيىتىنى بىلمەيدىغان ئالىملارنىڭ ۋە دىنىنىڭ زاھىرىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆز-قارىشىدىن ئەمەس بەلكى دۇنيا ۋەزىيىتىنى چۈشىنىدىغان، ھەق ئۈستىدىكى ئەھلى ئىلىملارنىڭ كۆز-قارىشىدىن ئېلىش ۋاجىبتۇر».

مەن سىلەرگە «بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشقا تاقىتىمىز يەتمەيدۇ» دەپ ئۆزرە ئېيتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ «دەلىللىرى»دىن ئاددىي بىر مىسالنى بايان قىلىپ بېرەي. ئۇ كىشى پەتىۋا بەرگۈچى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەرنى ھازىرلىماي تۇرۇپ پەتىۋا بەرگەن. ئەسلىدە ئۇ كىشى ئىلىم ئەھلىلىرى بىلىشى زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى بىلىشى كېرەك ئىدى. ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «إعلام الموقعين» ناملىق كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا بەرگۈچى يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشى، ئۇ ھادىسە توغرۇلۇق ئىزدىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇئەييەن ھالەت ۋە مۇئەييەن رىئاللىقتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە تەتبىقلىنىدىغان الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىپ ئاندىن پەتىۋا بېرىشى كېرەك».

سىز ھازىرقى زامان جەڭلىرىنى كۆرۈپ باقمىدىڭىز، دۈشمەننى قانداق چېكىندۈرۈشنى بىلمەيسىز. الله تائالاغا شەكسىز ئىشەنگەن

ۋە الله بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمايدىغان ئىمان ئەھلىدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئاددىي قۇراللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى قانداق مەغلۇپ قىلغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيسىز.

ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى تولۇق بولمىغان ھالەتتە قىياسقا تايىنىپ سىزگە: «ياشلارنىڭ سانى ئاز، بىز قورال ئېتىشنى بىلمەيمىز ھەمدە بىزنىڭ قوراللىمىز ئاز» دەيدۇ (يەنى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن پەتىۋا بېرىشىدۇ). ئى الله نىڭ بەندىلىرى! بۇنداق دېيىش سىلەرگە ياراشمايدۇ، ھەقىقەتەن پەتىۋا ئىشى چوڭ ئىشتۇر.

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىسىدا جۇنۇپلۇق ھالىتىدە تۇرۇپ بېشى يېرىلىپ كەتكەن بىر كىشى بەزىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ توغرۇلۇق ھۆكۈم سورىدى. ئۇلار بۇ كىشىگە: «سەن غۇسل قىلىشىڭ كېرەك» دەپ پەتىۋا بەردى، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى شەرئىي ئىلىملىرى تولۇق ئەمەس ئىدى. ئاندىن ئۇ كىشى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) غۇسل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتتى. بۇ خەۋەر (پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكەندە) پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلار ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى الله ئۆلتۈرسۇن» دېدى.[1]

بۈگۈن پەتىۋا بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر؟! بىزنىڭ ئون مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۈز-ئابرۇيلىرى بوسنىيە ۋە ھەرسەكتە دەپسەندە قىلىندى، چېچىنيەدىكى مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانلىرى تانكا-بىرونېۋىك ئارقىلىق

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئېقىتىلدى، ھىندونېزىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىز مەسجىدلەرنىڭ ئىچىدە كۆيدۈرۈۋېتىلدى، پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىز يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا ئېغىر ئازابلىنىۋاتىدۇ.

نەزەر سالسام شەھەردىكى ئىسلامغا،
قوش قانىتى كېسىلگەن قۇش ئۇ گويا.

دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدە مۇسىبەتلەر بولۇۋاتىدۇ ئەمما بىز يەنىلا جىھادنى «پەرز كۇپايە» دەپ ئولتۇردۇق ۋە ھازىرغا قەدەر جىھادنى «پەرز كۇپايە» دەۋاتىمىز. كىمكى جىھادنى «پەرز ئەين» دېسە، ئۇ كىشى ھەرخىل يوللار بىلەن ياردەمسىز تاشلاپ قويۇلۇۋاتىدۇ. قەلبىدە كۈچلۈك ئىمانى بولغان كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە ۋە ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئەگىشىدۇ.

مەن بۇ مەشھۇر ھەدىس ھەققىدە ئېيتىدىغان سۆزۈمنى الله تائالانىڭ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقا ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ھەققىدىكى بايانلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەككىدە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغاندا ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. كېيىن ئۇلار كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغان ۋاقىتتا، الله تائالا ئۇلارنى جىھادقا چىقمىسا ھالاك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى توختاتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تېخى ئۇرۇشقا بۇيرۇلمىغانلىقىنى ئېيتتى ئەمما ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان ۋاقىتتا جىھادتىن كەينىگە يېنىۋالدى. الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ

تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ يَخْشَوْنَ النَّاسَ كَخَشْيَةِ اللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): <(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار> دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) بۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله (نىڭ ئازابى)دىن قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ».[1]

ئى الله نىڭ بەندىلىرى! بۇ ئايەت ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ھەققىدە چۈشكەن. سىز الله تىن قورقۇڭ ۋە ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ. بۇ ئايەت ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ھەققىدە دېيىلگەن بولسا، ئۇنداقتا سىز «لا إله إلا الله»قا ياردەم بېرىشتىن ئولتۇرۇۋالغان چاغدا قانداقمۇ خاتىرجەم بولىسىز؟! ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ يَخْشَوْنَ النَّاسَ كَخَشْيَةِ اللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً وَقَالُوا رَبَّنَا لِمَ كَتَبْتَ عَلَيْنَا الْقِتَالَ لَوْلَا أَخَّرْتَنَا إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): <(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار> دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) بۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله (نىڭ ئازابى) دىن قورققاندەك بەلكى

[1] سۈرە نىسا 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): <پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)> دېدى». [1]

مانا بۇ ئىنسان نەپسىنىڭ ئالدامچىلىقى ۋە ھاياتلىققا مايىل بولۇپ كېتىشىدۇر. سىز قايسى نەرسە ئۈچۈن ۋاقتىنى كېچىكتۈرىسىز ۋە جىھادتىن ئايرىلىپ قالىسىز؟ يېقىن مۇددەتتە نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن پەقەت تۈگىمەيدىغان ئۆزرىلەر ۋە سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىن ئۇزۇن بولغان ئارزۇلىرىڭىز بارلىققا كېلىدۇ.

﴿لَوْلا أَخَّرْتَنَا إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ قُلْ مَتَاعُ الدَّنْيَا قَلِيلٌ وَالآخِرَةُ خَيْرٌ لِّمَنِ اتَّقَى وَلاَ تُظْلَمُونَ فَتِيلاً﴾ «<نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)> دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: <دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېئمىتى پانىيدۇر)، (الله تىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)>» . [2] الله تائالا قەلبلەرنى داۋالاش يولىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارغا قەلبلەرنىڭ ئالدامچىلىقىنىڭ سەۋەبى ئازغىنە مال ـ ماتالارغا باغلىنىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دۇنيا ھاياتىنىڭ

[1] سۈرە نىسا 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نىسا 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەقەت ئازغىنە مال ـ ماتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى ۋە ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ياخشىلىققا، (مال ـ ماتالاردىن ياخشى بولغان) ئاخىرەتكە باشلاپ قويدى. ﴿قُلْ مَتَاعُ الدُّنْيَا قَلِيلٌ وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ لِمَنِ اتَّقَى وَلَا تُظْلَمُونَ فَتِيلًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: <دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېئمىتى پانىيدۇر)، (الله تىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)>».[①]

ئاندىن ئۇلارغا كەسكىن ئايەت بىلەن خەۋەر بەردىكى: ﴿أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِكْكُمُ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنْتُمْ فِي بُرُوجٍ مُشَيَّدَةٍ﴾ «قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ».[②] شەيتان سىزنى ئالدايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى قورقىتىدۇ ۋە سىزگە «ئەگەر سەن ئۇرۇشقا بارساڭ ئۆلتۈرۈلىسەن» دەيدۇ. لېكىن الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِكْكُمُ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنْتُمْ فِي بُرُوجٍ مُشَيَّدَةٍ﴾ «قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ».[③]

مەن الله تائالادىن ئۆز يولىدىكى جىھاد ئۈچۈن مۆئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىنى ئېچىۋېتىشىنى، بىزنى ۋە سىلەرنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بارلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىدىكى ۋە بارلىق سۈننەتلىرىدىكى

[①] سۈرە نىسا 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە نىسا 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] سۈرە نىسا 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەنھەجى ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۆزۈمگە ۋە مۇسۇلمانلارغا ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يولىنى ئەسلىتىش ۋە بۇ يولنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىشىمىز ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى بەزى سۆزلەرگە قىزىقتۇرىمەن. ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئۇرۇش ۋە جەڭلەر ھەققىدە شېئىرلىرى بولغان. كىشىلەر جەڭگە كىرىشىپ كەتكەن، قىلىچلار ئاۋازى ياڭرىغان ۋە ئۇلارنى چاڭ-توزان قاپلىغان جەڭ كۈنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز قەلبىدە (جەننەتنى) ئەنەس ئىبنى نەزىر كۆرگەن كەبى كۆرگەنلىكىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن بايان قىلدى ۋە «سەھىھ بۇخارى»دا رىۋايەت قىلىنغىنىغا ئوخشاش سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېدى: «ئى سەئىد ئىبنى مۇئاز، پاھ! مەن ئوھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن». ئۇ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن، مەدىنىدە تۇرۇپ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىدۇ ۋە مۇنداق شېئىر ئوقۇۋاتىدۇ:

ئەجەپ گۈزەل جەننەتلەر-ھە! يېقىنلىشىش ھەتتا ئاڭا،  
شەربەتلىرى ئاجايىپ تەم، تاتلىق، سوغۇق ھۇزۇر ساڭا.  
شۈبھى يوقكى كەلدى مانا يەكسان بولۇش پەيتى رۇمنىڭ،  
ئۇچراشسامىلا گەر ئۇنىڭغا جاننى ئاتاش بەخت ماڭا.

باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار بەنى لىھيان قەبىلىسىدىكى ئاسىم ئىبنى سابىت ئىبنى ئەقدەھ جەمەتىگە باردى. ئۇلار ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بولغان بەنى لىھيان قەبىلىسىدىن 100 ئادەمنىڭ قاتتىق مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى، ھالبۇكى ئۇلار 10 كىشى ئىدى. ئاندىن بۇ جەمەتتىكى

كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ساھابىگە: <ئەھدىمىزنى قوبۇل قىلغىن!> دېگەندى، ئۇ ساھابە: <مەن كاپىرنىڭ ئەھدىسىنى قوبۇل قىلمايمەن> دېدى. ئاندىن ئۇلار داۋاملىق ئەھدىسىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغاندى، ئۇ كىشى ئۇنىماي مۇنداق شېئىر ئوقۇدى:

باتۇر، ئەزمەت، كاتتا مەرگەن تۇرسام يەنە نە غەملىرىم،
ھەمراھ بولسا ئىبسىل ئوقيا، پۇختا ياچاق ھەر جەڭلىرىم.
شۇبھى يوقكى ئۆلۈم ھەقتۇر، ھاياتلىقنىڭ ئەسلى باتىل،
سەنلەرگە جەڭ ئاچالمىسام خار بولمامدۇ بۇ يۈزلىرىم».

الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى رازى قىلسۇن! بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ مۇقەددەساتلىرىمىزغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ئېغىر بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

مەن سۆزۈمنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۇرتى ھىجازدىكى شەرەپلىك كەئبىنىڭ ۋە قۇددۇسنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى شېئىرلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

بۈگۈن غېرىب ئەھلى قۇددۇس قەلبى زەرداپ، تولۇپ ھىجران،
مەخپىي ئەمەس جاراھىتى، ھىجازمۇ ھەم زەپ سارغايغان.
كىشىلەرنىڭ سەرخىللىرى ئەسلى ئىسلام جەڭچىلىرى،
گەر يوشۇرساڭ جاراھەتنى مۇسىبەتلەر ئاندىن يامان.

گەر بولسىمۇ قەلبى زەرداپ شۇنچە يۈكسەك شىجائىتى،
يانماس ھەرگىز غايىسىدىن قۇرۇش ئىسلام خىلاپىتى.
قەسەم قىلدى جەڭ قىلىشقا ئۇشبۇ يولدا ئېتىپ داۋام،

مەيلى كىسرا ياكى قەيسەر تا يەتكۈچە ھالاكىتى.

بىز الله تائالادىن ئۆز يولىدا بۇندىن بۇرۇن شەھىد بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شەھىدلىكىنى قوبۇل قىلىشىنى، بىزگە الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆز يولىدىكى شەھىدلىكنى ئېھسان قىلىشىنى ھەمدە ئىتائەتچانلار ئەزىز بولىدىغان، گۇناھ-مەئسىيەت ئەھلى خار بولىدىغان ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان توغرا يولنى بۇ ئۇممەتكە مۇستەھكەملەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. الله تائالا ئۇنىڭغا ئىگە بولغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قادىر زاتتۇر.

ئى الله ! ھەقىقەتەن مەن سەندىن ھىدايەتنى، تەقۋالىقنى، پاكلىقنى ۋە بىھاجەتلىكنى سورايمەن. ئى رەببىمىز الله ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ۋە ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. الله نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى پەيغەمبەر ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

# ئى اللَّه نىڭ بەندىسى!

ساغلاملىقىڭىزنى، بوش ۋاقتىڭىزنى ۋە ياشلىقىڭىزنى غەنىيمەت بىلىڭ. جەننەت مەيدانلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

**«ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر».**

بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى